# كىشىنىڭ ئوزۇقلىقى ئۆزىگە قاراشلىق كىشىلەردىن (تەمىناتىنى) قىسىپ قويۇشى يېتەرلىك گۇناھتۇر

خەيسەمەدىن رىۋايەت قىلىنىغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ئولتۇراتتۇق، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئامبارچىسى كىرىپ كەلدى، ئۇ، ئۇنىڭدىن: «قۇللارنىڭ يېمەكلىكىنى بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىغانتى، ئۇ كىشى: «ياق» دېدى، ئابدۇللاھ: «بېرىپ ئۇلارغا (يېمەكلىكىنى) بەرگىن!»، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام: «كىشىنىڭ ئوزۇقلىقى ئۆزىگە قاراشلىق كىشىلەردىن (تەمىناتىنى) قىسىپ قويۇشى يېتەرلىك گۇناھتۇر» دېگەن، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئامبارچىسىنىڭ قۇللارغا تەمىناتىنى بەرمىگەنلىكىنى بىلگەن ۋاقىتتا، ئىنسانىنىڭ تەمىناتى ئۆزىگە قاراشلىق بولغان كىشىلەر ھەققىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىنسانىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلماسلىقى، ئۇنىڭغا بېخىللىق قىلىپ سەل قارىشى، ۋە تەمىناتىنى تۇتۇپ قىلىشى گۇناھنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەپلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ھەدىسىنى سۆزلەپ بەرگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58183